بسم الله الرحمن الرحيم

ئىسلام ئاۋازى

18- سان

(قوش ھەپتىلىك گېزىت)

دىنىي ئەھكاملار

ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە ئەقىدىسى ھەققىدە چۈشەنچە

(بېشى ئالدىنقىساندا)

﴿وَلِلَّهِ الْأَسْمَاءُ الْحُسْنَى فَادْعُوهُ بِهَا وَذَرُوا الَّذِينَ يُلْحِدُونَ فِي أَسْمَائِهِ سَيُجْزَوْنَ مَا كَانُوا يَعْمَلُونَ﴾ «الله نىڭ گۈزەل ئىسىملىرى بار، الله نى شۇ (گۈزەل ئىسىملىرى) بىلەن ئاتاڭلار، الله نىڭ ئىسىملىرىنى كەلسە-كەلمەس قوللىنىدىغانلارنى تەرك ئېتىڭلار، ئۇلار (ئاخىرەتتە) قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ» (سۈرە ئەئراف 180- ئايەت).

ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە الله نىڭ سۈپەتلىرىنىڭ قانداقلىقىغا ئېنىق چەك بېكىتمەيدۇ چۈنكى الله ئۇ توغرىسىدا خەۋەر بەرمىگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، الله نى ئۆزىدىنمۇ بەكرەك بىلىدىغان ھېچكىم يوق. بۇنىڭغا الله نىڭ تۆۋەندىكى سۆزلىرى گۇۋاھتۇر: ﴿قُلْ أَأَنْتُمْ أَعْلَمُ أَمِ اللَّهُ﴾ «ئېيتقىنكى: <(ئۇلارنىڭ قايسى دىندا ئىكەنلىكىنى) سىلەر ئوبدان بىلەمسىلەر ياكى الله ئوبدان بىلەمدۇ؟» (سۈرە بەقەرە 140- ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

﴿فَلَا تَضْرِبُوا لِلَّهِ الْأَمْثَالَ إِنَّ اللَّهَ يَعْلَمُ وَأَنْتُمْ لَا تَعْلَمُونَ﴾ «سىلەر الله قا مىسال كەلتۈرمەڭلار (يەنى الله قا بۇتلارنى ئوخشاتماڭلار، الله قا شېرىك كەلتۈرمەڭلار). الله ھەقىقەتەن (ھەممە ھەقىقەتنى) بىلىدۇ، سىلەر (الله نىڭ بۈيۈكلۈكىنى) بىلمەيسىلەر» (سۈرە نەھل 74- ئايەت).

الله نى، الله تىن قالسا پەيغەمبەردىنمۇ بەكرەك بىلىدىغان ھېچكىم يوق. بۇنىڭغا الله نىڭ تۆۋەندىكى سۆزى گۇۋاھتۇر: ﴿وَمَا يَنْطِقُ عَنِ الْهَوَى ۞ إِنْ هُوَ إِلَّا وَحْيٌ يُوحَى ۞﴾ «(ئۇ) ئۆز نەپسى-خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدۇ [3]. پەقەت ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان ۋەھيىنىلا سۆزلەيدۇ [4]» (سۈرە نەجم 3-، 4- ئايەتلەر).

ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە الله تعالى نىڭ ئۆزىدىن ئىلگىرى ھېچبىر شەيئى بولمىغان «الأَوَّل» ۋە ئۆزىدىن كېيىن ھېچبىر شەيئى بولمىغان «الآخر» ئىكەنلىكىگە، ئۆزىنىڭ ئۈستىدە ھېچبىر شەيئى بولمىغان «الظاهر» ۋە ئۆزىنىڭ تۆۋىنىدە ھېچبىر شەيئى بولمىغان «الباطن» ئىكەنلىكىگە ئىمان كەلتۈرىدۇ. الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿هُوَ الْأَوَّلُ وَالْآخِرُ وَالظَّاهِرُ وَالْبَاطِنُ وَهُوَ بِكُلِّ شَيْءٍ عَلِيمٌ﴾ «الله ئەۋۋەلدۇر (يەنى الله تىن ئىلگىرى ھېچنەرسە يوقتۇر)، ئاخىردۇر (يەنى الله تىن كېيىن ھېچنەرسە يوقتۇر)، زاھىردۇر (يەنى الله نىڭ ئۈستىدە ھېچنەرسە يوقتۇر) ۋە باتىندۇر (يەنى الله نىڭ ئاستىدا ھېچنەرسە يوقتۇر)*، الله ھەر نەرسىنى بىلگۈچىدۇر» (سۈرە ھەدىد 3- ئايەت).

ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە يەنە شۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرىدۇكى، الله سبحانه وتعالى نىڭ زاتى (يەنى ۋۇجۇدى ۋە گەۋدىسى) ھېچ شەيئىگە ئوخشىمايدۇ ۋە ئۇنىڭ سۈپەتلىرى ھېچقانداق نەرسىنىڭ سۈپەتلىرىگە ئوخشىمايدۇ چۈنكى الله تعالى نىڭ ئوخشىشى ۋە تەڭدىشى يوقتۇر. ئۇ ئۆزىنىڭ مەخلۇقلىرىغا قىياس قىلىنمايدۇ. ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە الله تعالى ئۆزىدە بار دېگەن سۈپەتلەرنى بار دەيدۇ لېكىن «تمثيل» قىلمايدۇ (يەنى الله نىڭ سۈپەتلىرىنى ھېچنەرسىگە ئوخشاتمايدۇ). ئۇلار الله تعالى نى پاك دەپ بىلىدۇ لېكىن ئۇنى پاك دەپ بىلىش بىلەن بىرگە ئۇ ئۆزىدە بولۇشلۇق قىلغان سۈپەتلەرنى «تعطيل (بىكار)» قىلىۋەتمەيدۇ.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

---

* ئىزاھات: «الله نىڭ ئاستىدا ھېچنەرسە يوقتۇر» دېگەننىڭ مەنىسى ــ «الله پۈتۈن كائىناتنى قورشاپ تۇرغۇچى» دېگەنلىكتۇر.

ھەدىس ئۆگىنەيلى

عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رضي الله عنه أَنَّهُ سَمِعَ رَسُولَ اللَّهِ ﷺ يَقُولُ: «إِنَّ شَرَّ النَّاسِ ذُو الْوَجْهَيْنِ الَّذِي يَأْتِي هَؤُلَاءِ بِوَجْهٍ وَهَؤُلَاءِ بِوَجْهٍ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رضي الله عنه مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «ھەقىقەتەن كىشىلەرنىڭ ئەڭ يامىنى ئۇلارغا بىر يۈزى بىلەن، بۇلارغا بىر يۈزى بىلەن كېلىدىغان ئىككى يۈزلىمە كىشىدۇر» («سەھىھ مۇسلىم» 7179- ھەدىس).

ھەدىسنىڭ شەرھىسى

ئىمام قۇرتۇبى بۇ ھەدىسنى شەرھلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ئىككى يۈزلىمە كىشىنىڭ خالايىقنىڭ ئەڭ يامىنى بولۇشىنىڭ سەۋەبى ئۇنىڭ ھالىتى مۇناپىقلارنىڭ ھالىتىگە ئوخشىغانلىقىدىندۇر چۈنكى ئۇ كىشى يالغاندىن ياخشىچاق بولىدۇ ۋە ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدا پاسات تېرىيدۇ».

ئىمام نەۋەۋى مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ ئىككى يۈزلىمە كىشى ھەربىر گۇرۇھقا شۇ گۇرۇھنى خۇرسەن قىلىدىغان ھالەت بىلەن كېلىدۇ، ئۆزىنىڭ شۇ گۇرۇھتىن ئىكەنلىكىنى ۋە شۇ گۇرۇھنىڭ دۈشمىنىگە دۈشمەن ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇنىڭ بۇ قىلىقى مۇناپىقلىقتۇر؛ يالغانچىلىق، ئالدامچىلىق ۋە ھەر ئىككى تائىپىنىڭ سىرىنى بىلىشكە ئۇرۇنۇشتۇر. ھەمدە بۇ ھارام ئىشلاردۇر. ئەمما قانداقلىكى بىر ئادەم شۇ قىلىق ئارقىلىق ئىككى تائىپىنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئىسلاھ قىلىشنى مەقسەت قىلسا بۇ ياخشىدۇر».

باشقا ئالىملار مۇنداق دېگەن: «بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق شۇكى، كىمكى ھەربىر گۇرۇھنىڭ ئەمىلىنى ئۇلارغا چىرايلىق كۆرسىتىپ باشقىلارنىڭ قېشىدا سۆكسە، بۇ ئەيىبلىنىدۇ ئەمما بىر تائىپىگە يەنە بىر كىشىنىڭ ئۆزرىسىنى يەتكۈزگەن، شۇ تائىپىگە مۇمكىنقەدەر ياخشى ئىشلارنى يەتكۈزۈپ قەبىھلىكلەرنى يۆگىگەن كىشى ياخشى ئىش قىلغان بولىدۇ» («تحفة الاحوذى»دىن ئېلىندى).

بۇلاقتىن تامچە

الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنْ تَسْتَفْتِحُوا فَقَدْ جَاءَكُمُ الْفَتْحُ وَإِنْ تَنْتَهُوا فَهُوَ خَيْرٌ لَكُمْ وَإِنْ تَعُودُوا نَعُدْ وَلَنْ تُغْنِيَ عَنْكُمْ فِئَتُكُمْ شَيْئًا وَلَوْ كَثُرَتْ وَأَنَّ اللَّهَ مَعَ الْمُؤْمِنِينَ﴾.

ئايەتنىڭ تەرجىمىسى

«(ئى كۇففارلار جامائەسى!) ئەگەر سىلەر غەلىبىنى تىلىسەڭلار، غەلىبە ئاللىقاچان سىلەرگە كەلدى (يەنى ئۇ سىلەرنىڭ زىيىنىڭلارغا كەلدى). ئەگەر (پەيغەمبەر بىلەن دۈشمەنلىشىشتىن) يانساڭلار، بۇ سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر؛ ئەگەر ئۇنىڭ بىلەن يەنە ئۇرۇشساڭلار، بىز ئۇنىڭغا يەنە ياردەم بېرىمىز. قوشۇنۇڭلار كۆپ بولغان تەقدىردىمۇ ئۇ سىلەردىن ھېچنەرسىنى دەپئى قىلىپ بېرەلمەيدۇ، الله ھەقىقەتەن مۆئمىنلەر بىلەن بىللىدۇر» (سۈرە ئەنفال 19- ئايەت).

ئايەتنىڭ تەپسىرى

بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى ھەققىدە ئىبنى كەسىر رحمه الله مۇنداق دەيدۇ: «ئى كاپىرلار جامائەسى! ئەگەر سىلەر غەلىبىنى تىلىسەڭلار، يەنى الله تعالى نىڭ سىلەرگە ياردەم بېرىپ سىلەر بىلەن دۈشمىنىڭلار ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىشنى تىلىسەڭلار، ھەقىقەتەن سورىغىنىڭلار سىلەرگە بېرىلدى».

بۇ ھەقتە ئىبنى ئىسھاق ۋە باشقىلار زۇھرىدىن ئابدۇللاھ ئىبنى سۇئلەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلىدۇ: «بەدر ئۇرۇشى بولغان كۈنى ئەبۇ جەھىل: <ئى الله! بىزدىن قايسىمىز سىلە-رەھىمنى ئۈزگەن ۋە بىز بىلمەيدىغان نەرسىنى بىزگە ئېلىپ كەلگەن بولسا، ئۇنى ئەتە (يەنى ئۇرۇش بولغان چاغدا) ھالاك قىلغىن> دەپ دۇئا قىلغان. بۇ ئۇنىڭ الله تعالى دىن ياردەم تىلىگىنى ئىدى، شۇنىڭ بىلەن الله تعالى نىڭ مەزكۇر ئايىتى نازىل بولغان ئىدى».

بۇ ھەقتە سۇددى مۇنداق دەيدۇ: «مۇشرىكلار مەككىدىن بەدرگە چىققاندا كەئبىنىڭ يوپۇقلىرىنى بىللە ئېلىپ چىققان ئىدى. ئۇلار الله تعالى دىن ياردەم سوراپ: <ئى الله! بۇ ئىككى قوشۇننىڭ قايسىسى ئەلا ئورۇندا بولسا، بۇ ئىككى گۇرۇھنىڭ قايسىسى ھۆرمەتلىك بولسا، بۇ ئىككى قەبىلىنىڭ قايسىسى ياخشى بولسا شۇ تەرەپكە ياردەم بەرگىن!> دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن الله تعالى: <(ئى كۇففارلار جامائەسى!) ئەگەر سىلەر غەلىبىنى تىلىسەڭلار، غەلىبە ئاللىقاچان سىلەرگە كەلدى (يەنى ئۇ سىلەرنىڭ زىيىنىڭلارغا كەلدى)> دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى. يەنى الله: <سىلەرنىڭ دېگىنىڭلار بويىچە مۇھەممەد ﷺ گە ياردەم قىلدىم> دېدى».

﴿إِنْ تَسْتَفْتِحُوا﴾ «(ئى كۇففارلار جامائەسى!) ئەگەر سىلەر غەلىبىنى تىلىسەڭلار» دېگەن ئايەت ھەققىدە ئەللامە سەئدى مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۇشرىكلار! سىلەر الله تعالى دىن ئازابنى ھەددىدىن ئاشقان زالىملارغا چۈشۈرۈشىنى تەلەپ قىلساڭلار ھەقىقەتەن سىلەرگە غەلىبە كەلدى، يەنى الله تعالى ئۆزىنىڭ ئازابىدىن سىلەرگە قاقشاتقۇچ زەربە ۋە مۆئمىنلەرگە ئىبرەت بولىدىغان نەرسىنى (يەنى غەلىبىنى) چۈشۈردى».

﴿وَإِنْ تَنْتَهُوا فَهُوَ خَيْرٌ لَكُمْ﴾ «ئەگەر (پەيغەمبەر بىلەن دۈشمەنلىشىشتىن) يانساڭلار، بۇ سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر» دېگەن ئايەت ھەققىدە ئىبنى كەسىر رحمه الله مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر پەيغەمبەر بىلەن دۈشمەنلىشىشتىن يانساڭلار، يەنى الله تعالى غا كۇفرىلىق قىلىشتىن ۋە پەيغەمبەرنى يالغانغا چىقىرىشتىن يانساڭلار، بۇ ــ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر».

﴿وَإِنْ تَعُودُوا نَعُدْ﴾ «ئەگەر ئۇنىڭ بىلەن يەنە ئۇرۇشساڭلار، بىز ئۇنىڭغا يەنە ياردەم بېرىمىز» دېگەن ئايەتنىڭ تەپسىرى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «<ئەگەر سىلەر قايتساڭلار (يەنى قايتا بۇزغۇنچىلىق قىلساڭلار) بىز قايتىمىز (يەنى بىز سىلەرنى قايتا جازالايمىز)>. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى شۇكى، ئەگەر سىلەر ئىلگىرىكى كۇفرىلىقىڭلار ۋە ئازغۇنلۇقۇڭلارغا قايتساڭلار بىزمۇ سىلەرنى ئىلگىرىكىگە ئوخشاش ھادىسىلەرگە گىرىپتار قىلىمىز».

الله تعالى نىڭ: ﴿وَلَنْ تُغْنِيَ عَنْكُمْ فِئَتُكُمْ شَيْئًا وَلَوْ كَثُرَتْ﴾ «قوشۇنۇڭلار كۆپ بولغان تەقدىردىمۇ ئۇ سىلەردىن ھېچنەرسىنى دەپئى قىلىپ بېرەلمەيدۇ» دېگەن ئايىتى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «يەنى سىلەر ئىمكانىيىتىڭلارنىڭ بارىچە قوشۇن توپلىغان تەقدىردىمۇ، شەك-شۈبھىسىزكى، الله بىللە بولغان كىشىلەرنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلالمايسىلەر، الله ھەممە نەرسىدىن غالىبتۇر».

الله تعالى نىڭ: ﴿وَأَنَّ اللَّهَ مَعَ الْمُؤْمِنِينَ﴾ «الله ھەقىقەتەن مۆئمىنلەر بىلەن بىللىدۇر» دېگەن ئايىتى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «الله تعالى بىللە بولىدىغان مۆئمىنلەر ــ پەيغەمبەر پارتىيىسى ۋە مۇستافا ﷺ نىڭ قوشۇنىدۇر» («ئىبنى كەسىر تەپسىرى»دىن ئېلىندى).

﴿وَإِنْ تَنْتَهُوا فَهُوَ خَيْرٌ لَكُمْ﴾ «ئەگەر (پەيغەمبەر بىلەن دۈشمەنلىشىشتىن) يانساڭلار، بۇ سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر» دېگەن ئايەت ھەققىدە ئىبنى جەرىر تەبەرى مۇنداق دەيدۇ: «ئى قۇرەيش جامائەسى ۋە كاپىرلار توپى! سىلەر الله قا ۋە الله نىڭ رەسۇلىغا كاپىر بولۇشتىن، الله نىڭ پەيغەمبىرى ۋە مۆئمىنلەرگە ئۇرۇش قىلىشتىن يانساڭلار، ئۇ سىلەر ئۈچۈن دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ياخشىدۇر».

﴿وَإِنْ تَعُودُوا نَعُدْ﴾ «ئەگەر ئۇنىڭ بىلەن يەنە ئۇرۇشساڭلار، بىز ئۇنىڭغا يەنە ياردەم بېرىمىز» دېگەن ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر سىلەر پەيغەمبەرگە قارشى ئۇرۇش قىلىشقا ۋە پەيغەمبەرگە ئەگەشكەن مۆئمىنلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلىشقا قايتساڭلار، بىزمۇ بەدر كۈنى يۈز بەرگەن ۋەقەنىڭ ئوخشىشى بىلەن سىلەرگە قايتىمىز».

﴿وَلَنْ تُغْنِيَ عَنْكُمْ فِئَتُكُمْ شَيْئًا وَلَوْ كَثُرَتْ﴾ «قوشۇنۇڭلار كۆپ بولغان تەقدىردىمۇ ئۇ سىلەردىن ھېچنەرسىنى دەپئى قىلىپ بېرەلمەيدۇ» دېگەن ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر (دۈشمەنلىشىشكە) قايتساڭلار، مېنىڭ ئەۋلىيا (يەنى يېقىن) بەندىلىرىمنىڭ قولى بىلەن سىلەرنى مەغلۇپ قىلىش ۋە ھالاك قىلىش بىلەن سىلەرگە قايتىمىز. مەن سىلەرنى ئۇ ئەۋلىيا (يەنى يېقىن) بەندىلىرىمنىڭ قولى بىلەن ئۆلتۈرۈش، ئەسىر ئېلىش ۋە مەغلۇپ قىلىش بىلەن قايتقان ۋاقتىمدا، سىلەرنىڭ مۇشرىكلاردىن ئىبارەت قوشۇنۇڭلار ۋە جامائىتىڭلار ھەرقانچە كۆپ بولغان تەقدىردىمۇ، خۇددى بەدر كۈنى كاپىرلارنىڭ سانى كۆپ، مۆئمىنلەرنىڭ سانى ئاز تۇرۇقلۇق ھېچنەرسىنى دەپئى قىلالمىغاندەك سىلەردىن ھېچنەرسىنى دەپئى قىلالمايدۇ».

﴿وَأَنَّ اللَّهَ مَعَ الْمُؤْمِنِينَ﴾ «الله ھەقىقەتەن مۆئمىنلەر بىلەن بىللىدۇر» دېگەن ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «الله سبحانه وتعالى ئۆزىنىڭ بەندىلىرىدىن ئۆزىگە ئىمان ئېيتقان كىشىلەر بىلەن بىللە بولۇپ، كاپىرلارغا قارشى ياردەم بېرىدۇ ياكى بەدر كۈنى مۇشرىكلارغا قارشى غەلىبە ئاتا قىلغانغا ئوخشاش غەلىبە ئاتا قىلىدۇ» («تەپسىر تەبەرى»دىن ئېلىندى).

﴿وَلَنْ تُغْنِيَ عَنْكُمْ فِئَتُكُمْ شَيْئًا وَلَوْ كَثُرَتْ وَأَنَّ اللَّهَ مَعَ الْمُؤْمِنِينَ﴾ «قوشۇنۇڭلار كۆپ بولغان تەقدىردىمۇ ئۇ سىلەردىن ھېچنەرسىنى دەپئى قىلىپ بېرەلمەيدۇ، الله ھەقىقەتەن مۆئمىنلەر بىلەن بىللىدۇر» دېگەن ئايەت ھەققىدە ئەللامە سەئدى مۇنداق دەيدۇ: «سىلەر ئۇلارغا تايىنىپ ئۇرۇش قىلىدىغان ياردەمچىلىرىڭلار ۋە ھەمكارلاشقۇچىلىرىڭلار سىلەردىن ھېچنەرسىنى دەپئى قىلالمايدۇ چۈنكى الله مۆئمىنلەر بىلەن بىللىدۇر. الله بىللە بولغان كىشى گەرچە سانى ئاز بولسىمۇ غەلىبە قىلىدۇ. الله تعالى قۇرئاندا مۆئمىنلەرگە ياردەم بېرىدىغانلىقى بىلەن خەۋەر بەرگەن <بىللە بولۇش> بولسا، ئۇلارنىڭ ئىمانى ۋە ئەمەللىرى سەۋەبلىك بولىدۇ. ئەگەر دۈشمەنلەر بەزى ۋاقىتلاردا مۆئمىنلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ قالسا، بۇ مۆئمىنلەرنىڭ سەل قارىغانلىقى ۋە ئىمانىي تەلەپ-تەقەززالىرىنى ئىجرا قىلمىغانلىقىدىندۇر. ئەگەر ئۇلار الله بۇيرىغانلىكى نەرسىنى ئىجرا قىلسا، ئۇلارنىڭ بايرىقى ھەرگىزمۇ مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىمايدۇ ۋە دۈشمەن ئۇلار ئۈستىدىن مەڭگۈ غەلىبە قازىنالمايدۇ».

يۇلتۇزلار چىمىرلايدۇ

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

7. ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف رضي الله عنه ئۇمەييە ئىبنى خەلەف بىلەن مەككىدىكى ۋاقىتلىرىدا جاھىلىيەتتىكى دوستلاردىن ئىدى. بەدر كۈنى ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف رضي الله عنه ئولجا ئالغان بىر نەچچە تال ساۋۇتلارنى كۆتۈرۈۋالغان ھالەتتە ئۇمەييە ئىبنى خەلەفنىڭ يېنىدىن ئۆتتى. ئۇمەييە ئوغلى ئەلى ئىبنى ئۇمەييەنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇۋاتاتتى. ئۇ ئابدۇراھمان رضي الله عنه نى كۆرۈپ: «مېنى ھىمايە قىلىۋالماسسەن!؟ مەن، سەن كۆتۈرۈۋالغان ساۋۇتلاردىن ياخشىراق. مەن بۇگۈنكىدەك خارلىق تارتىپ باقمىغان، سىلەرنىڭ سۈتكە ئېھتىياجىڭلار يوقمۇ؟» دېدى (يەنى مېنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇلدۇرۇپ قالغان كىشىگە سۈتلۈك تۆگىلەرنى بېرىمەن دېمەكچى). شۇنىڭ بىلەن، ئابدۇراھمان رضي الله عنه ساۋۇتلارنى تاشلاپ بۇ ئىككىسىنى ئەسىر ئېلىپ ماڭدى. ئابدۇراھمان رضي الله عنه مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئۇمەييە بىلەن ئوغلى ئوتتۇرىسىدا كېتىۋاتسام ئۇمەييە ئىبنى خەلەف: <سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى تۆگە قۇشىنىڭ پېيىنى تاقىۋالغان كىشى كىم؟> دەپ سورىدى، مەن: <ئۇ ھەمزە ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىپ> دېسەم، ئۇ: <ئۇ بىزنى كۆپ مۇسىبەتلەندۈرۈۋەتتى>دېدى».

ئابدۇراھمان رضي الله عنه مۇنداق دەيدۇ: «الله بىلەن قەسەمكى، مەن بۇ ئىككىسىنى ئېلىپ مېڭىۋاتاتتىم، تۇيۇقسىز بىلال رضي الله عنه ئۇمەييەنىڭ مەن بىلەن كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ (ئۇمەييە مەككىدە بىلالنى كۆپ ئازابلىغان ئىدى): <بۇ مۇشرىكلارنىڭ كاتتىۋېشى ئۇمەييە ئىبنى خەلەفقۇ!؟ يا ئۇ ياشايدۇ، يا مەن ياشايمەن> دېدى. مەن: <ئى بىلال! بۇ مېنىڭ ئەسىرىم> دېگەنىدىم، بىلال: <يا ئۇ ياشايدۇ، يا مەن ياشايمەن> دېدى. مەن: <ئى قارا خوتۇننىڭ بالىسى! ئاڭلاۋاتامسەن؟!> دېسەم، ئۇ: <يا ئۇ ياشايدۇ، يا مەن ياشايمەن> دەپ ئۆزىنىڭ يۇقىرى ئاۋازى بىلەن: <ئى ئەنسارىلار گۇرۇھى! بۇ مۇشرىكلارنىڭ كاتتىۋېشى ئۇمەييە ئىبنى خەلەف، يا ئۇ ياشايدۇ، يا مەن ياشايمەن> دېدى. ئاندىن كېيىن ئۇلار بىزنىڭ ئەتراپىمىزنى ھالقىسىمان قىلىپ قورشىدى. مەن ئۇنى قوغداۋاتاتتىم، بىرى ئۇمەييەنىڭ ئوغلىنىڭ پۇتىغا قىلىچ بىلەن ئۇرۇپ يىقىتىۋەتتى. ئۇمەييە قاتتىق ۋارقىراپ كەتتى. مەن ئۇنداق توۋلىغان ئاۋازنى ئۆمرۈمدە ئاڭلاپ باقمىغان ئىدىم. مەن: <ئى ئۇمەييە! سەن ئۆزۈڭنى قۇتقۇزغىن. الله بىلەن قەسەمكى، مەن ساڭا ھېچقانداق ئەسقاتمىغۇدەكمەن> دېدىم. ئۇلار ئۇ ئىككىسىنى قىلىچ بىلەن چېپىپ قانغا بويىۋەتتى». ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف رضي الله عنه: «الله بىلالغا رەھمەت قىلسۇنكى، ئۇ مېنى ساۋۇتلىرىمدىن مەھرۇم قويدى ۋە ئەسىرىمنى ئۆلتۈرۈۋەتتى» دەيتتى («الرحيق المختوم»دىن ئېلىندى).

بۇ ۋەقەلىكتىن چىقىدىغان ئىبرەتلەر

1) بىلال رضي الله عنه مەككىدە ئۆزىگە ئەشەددىي زۇلۇملارنى قىلغان ئۇمەييە ئىبنى خەلەفنى ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف رضي الله عنه نىڭ قولىدا ئەسىر ھالەتتە كۆرگەن ۋاقىتتا، يۇقىرى ئاۋازدا: «ئەگەر ئۇ قۇتۇلۇپ قالسا مەن مەقسىتىمگە ئېرىشەلمەيمەن» دەپ توۋلاپ كەتتى. ھەقىقەتەن بۇ ــ الله نىڭ دۈشمەنلىرى بولغان زالىم كاپىرلارنىڭ كاتتىلىرىدىن ئاچچىقىنى چىقىرىش كۆرۈنۈشىدۇر. بۇ ھاياتىي دۇنيادىكى كاتتا بىر نېئمەت بولۇپ، الله بۇ ئارقىلىق زوراۋان، تاجاۋۇزچى كاپىرلارنىڭ قولىدا ئەزىيەت ۋە خارلىققا ئۇچرىغان مۆئمىنلەرنىڭ ئىچ پۇشۇقىنى كەتكۈزىدۇ. بۇ ھەقتە الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلارغا ئۇرۇش ئېچىڭلار، الله ئۇلارنى سىلەرنىڭ قولۇڭلار بىلەن جازالايدۇ. الله ئۇلارنى خار قىلىدۇ، الله سىلەرنى ئۇلار ئۈستىدىن غالىب قىلىدۇ، (ئىسلام دىنىنى ئۈستۈن قىلىپ، كاپىرلارنى جازالاپ) مۆئمىن قەۋمنىڭ كۆڭلىگە شىپالىق (يەنى تەسەللى) بېرىدۇ [14]. شۇنداقلا ئۇلارنى دىللىرىدىكى ئاچچىقتىن خالاس قىلىدۇ. الله خالىغان ئادەمنى تەۋبىگە مۇۋەپپەق قىلىدۇ. الله ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [15]» (سۈرە تەۋبە 14-، 15- ئايەتلەر).

2) ھەقىقەتەن زوراۋان ئۇمەييەنىڭ ئېچىنىشلىق خار ھالدا ئۆلتۈرۈلۈشىدە ئۆز كۈچ-قۇۋۋىتى بىلەن پەخىرلىنىدىغان، يۈز-ئابرويى ۋە ھوقۇقى بىلەن ئالدانغان، ئاجىزلارغا تاجاۋۇز قىلىدىغان، ئۇلارنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىنى دەپسەندە قىلىدىغان ھەربىر زوراۋان تاجاۋۇزچىلارغا ئىبرەتلىك، ئاچچىق ساۋاق بار. ئۇلار دۇنيادا يامان ئاقىۋەتكە، ئاخىرەتتە ئېچىنىشلىق ئەھۋالغا قالىدۇ. بۇ ھەقتە الله تبارك وتعالى مۇنداق دەيدۇ: «بىز (مىسىر) زېمىنىدا بوزەك قىلىنغانلارغا مەرھەمەت قىلىشنى ئىرادە قىلىمىز. ئۇلارنى يولباشچىلاردىن قىلىشنى، ئۇلارنى پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ (مۈلكىگە) ۋارىس قىلىشنى ئىرادە قىلىمىز» (سۈرە قەسەس 5- ئايەت).

8. شۇ كۈنى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رضي الله عنه تاغىسى ئاس ئىبنى ھىشام ئىبنى مۇغىرەنى تۇغقان ئىكەنلىكىگە قارىماي ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئۇ مەدىنىگە قايتىپ كەلگەندە رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئەسىرلىكتىكى تاغىسى ئابباسقا: «ئى ئابباس! مۇسۇلمان بولغىن. الله بىلەن قەسەمكى، سېنىڭ مۇسۇلمان بولۇشۇڭ ماڭا (دادام) خەتتابنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىدىن سۆيۈملۈكتۇر. مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ سېنىڭ مۇسۇلمان بولۇشۇڭغا ھېرىسمەن ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ بۇ گەپنى دەۋاتىمەن» دېدى.

9. ئەبۇ بەكرى سىددىق رضي الله عنه ئوغلى ئابدۇراھماننى چاقىرىپ (شۇ كۈنى ئابدۇراھمان مۇشرىكلار بىلەن بىللە ئىدى): «ئى نىجىس! مېنىڭ ماللىرىم قېنى؟» دەپ توۋلىدى. ئابدۇراھمان: «ئالجىغان قېرىنى ئۆلتۈرىدىغان قىلىچ ۋە ئۇرۇشتىن باشقا بىر نەرسە قالمىدى» دېدى.

10. مۇسۇلمانلار كاپىرلارنى ئەسىرگە ئېلىشقا باشلىغان ۋاقىتتا رەسۇلۇللاھ ﷺ چېدىرىدا ئىدى. سەئىد ئىبنى مۇئاز رضي الله عنه قىلىچىنى سۇغارغان ھالدا رەسۇلۇللاھ ﷺ نى قوغداۋاتقان ئىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ سەئىد ئىبنى مۇئاز رضي الله عنه نىڭ چىرايىدا كىشىلەرنىڭ قىلغانلىرىنى ياقتۇرمىغانلىقىنى كۆرۈپ: «ئى سەئىد، سەن كىشىلەرنىڭ قىلغانلىرىنى ياقتۇرمىغاندەك قىلىسەنغۇ؟» دېدى. سەئىد ئىبنى مۇئاز رضي الله عنه: «شۇنداق ئى رەسۇلۇللاھ، بۇ جەڭ ــ الله مۇشرىكلارنى مەغلۇپ قىلغان تۇنجى جەڭدۇر. مۇشرىكلارنى كۆپرەك ئۆلتۈرۈش ماڭا ئۇلارنى ئەسىر ئېلىشتىن سۆيۈملۈكتۇر» دېدى.

بۇ ۋەقەلىكتىن ئەسىرلەرنى ئۆلتۈرۈش ياكى تۆلەم ئېلىش ۋە ياكى ئېھسان قىلىپ قويۇۋېتىش ــ ئەمىرنىڭ مۇسۇلمانلارغا كېلىدىغان پايدا-زىياننى دەڭسىگەن ئاساستا قىلغان ئىجتىھادىغا باغلىق ئىكەنلىكى چىقىدۇ.

11. شۇ كۈنى ئۇكاشە ئىبنى ئەسەدىي رضي الله عنه نىڭ قىلىچى سۇنۇپ كەتتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ كېلىپ ئۇنىڭغا بىر يىلتىز ئوتۇننى بېرىپ: «ئى ئۇكاشە، مانا بۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش قىلغىن» دېدى. ئۇكاشە ئوتۇننى قولىغا ئېلىپ ئۇنى ئوينىتتى. ئوتۇن ئۇنىڭ قولىدا ئۇزۇن، مەزمۇت ۋە پارقىراق بىر قىلىچقا ئايلاندى. ئاندىن ئوكاشە رضي الله عنه ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش قىلدى. ئاقىۋەت الله مۇسۇلمانلارغا غەلىبە-نۇسرەت ئاتا قىلدى. ئۇ قىلىچ «نۇسرەت قىلىچى» دەپ ئاتالدى. ئۇكاشە رضي الله عنه بۇ قىلىچنى يېنىدىن ئايرىمايتتى. شۇ قىلىچ بىلەن جەڭلەرگە قاتناشتى. ئاخىرى ئۇكاشە رضي الله عنه مۇرتەدلەرگە قارشى ئۇرۇشتا، ئۇ قىلىچ ئۇنىڭ يېنىدىكى ھالەتتە شەھىد قىلىندى.

12. جەڭ ئاخىرلاشقاندىن كېيىن مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير ئەبدەرى رضي الله عنه قېرىندىشى ئەبۇ ئەزىز ئىبنى ئۇمەيرنىڭ قېشىدىن ئۆتتى. ئۇ مۇسۇلمانلارغا قارشى جەڭگە قاتناشقان ئىدى، ئەنسارىلاردىن بىرى ئەبۇ ئەزىزنىڭ قولىدىن باغلاۋاتاتتى. مۇسئەب رضي الله عنه ئەنسارىغا: «ئۇنىڭ قولىنى چىڭ باغلا! ئۇنىڭ ئانىسى (ئۆزىنىڭ ئانىسىنى دېمەكچى) بۇنىڭغا كۆپ پۇل بېرىپ قۇتۇلدۇرۇشى مۇمكىن» دېگەنىدى، ئەبۇ ئەزىز قېرىندىشى مۇسئەب رضي الله عنه غا: «ئى قېرىندىشىم! بۇ سېنىڭ ماڭا قىلغان ياخشىلىقىڭمۇ؟!» دېدى، مۇسئەب رضي الله عنه: « سەن مېنىڭ قېرىندىشىم ئەمەس بەلكى ئۇ (يەنى ھېلىقى ئەنسارى) مېنىڭ قېرىندىشىمدۇر» دېدى.

13.مۇشرىكلارنىڭسېسىق جەسەتلىرى ئورەككە تاشلىنىشقا بۇيرۇلدى. ئۇتبە ئىبنى رەبىئە ئورەككە تاشلىنىش ئۈچۈن سۆرەلگەن ۋاقىتتا رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇتبەنىڭ ئوغلى ھۇزەيفە رضي الله عنه غا قاراپ ئۇنىڭ چىرايى ئۆزگەرگەن غەمكىن ھالىتىنى كۆرۈپ: «ئى ھۇزەيفە، داداڭنىڭ ئەھۋالىدىن ئېچىڭ پۇشقاندەك قىلىدىغۇ؟!» دېدى. ئۇ: «ياق، ئى الله نىڭ ئەلچىسى! الله بىلەن قەسەمكى، مەن دادامنىڭ ئەھۋالىدىن شەك قىلمايمەن، دادامنىڭ يىقىلغان ئورنىدا ھەم شەك قىلمايمەن. لېكىن، مەن دادامنىڭ توغرا پىكىرلىك، ئېغىر-بېسىق، پەزىلەتلىك كىشى ئىكەنلىكىنى بىلەتتىم؛ مەن ئاشۇ خىسلەتلەرنىڭ دادامنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلىشىنى ئارزۇ قىلاتتىم؛ دادامنىڭ كۇفرى ھالىتىدە ئۆلۈپ، ئارزۇيۇمنىڭ كۆپۈككە ئايلىنىشى مېنى غەمگە تاشلىدى» دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئەبۇ ھۇزەيفە رضي الله عنه غا ياخشى گەپلەرنى قىلدى ۋە ياخشى دۇئالارنى قىلدى («الرحيق المختوم»دىن ئېلىندى).

بۇ ۋەقەلىكتىن ئەمىر-قوماندانلار قول ئاستىدىكىلەرنىڭ روھى-ھالەتلىرىگە ئىنچىكە دىققەت قىلىپ تۇرۇشنىڭ مۇھىملىقى چىقىدۇ.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

قەدىمكى ۋە ھازىرقى زاماندىكى خاۋارىجلار

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

ئۇلار كاپىرلارنى قويۇپ مۇسۇلمانلارنى ئۆلتۈرىدۇ» دېگەن ھەدىسنى «كاپىرلارنى ئۆلتۈرسە خاۋارىج بولمايدۇ» دەپ چۈشىنىش باتىلدۇر. بۇنىڭ دەلىلى ئىمام ئەھمەد نەقىل قىلغان ھەدىسنىڭ تۆۋەندىكى بىر قىسمى:

«ئائىشە رضي الله عنها ئىبنى شەددات رضي الله عنه دىن: <ئى ئىبنى شەددات، ئۇ (يەنى ئەلى رضي الله عنه) خاۋارىجلارنى ئۆلتۈردىمۇ؟> دەپ سورىغاندا، ئىبنى شەددات رضي الله عنه: <الله بىلەن قەسەمكى! ئۇلار پەقەت يوللارنى توسقان، قانلارنى تۆككەن ۋە زىممىي كاپىرلارنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىنلا ئەلى مېنى ئۇلارغا ئۇرۇش قىلىشقا قوشۇن بىلەن ئەۋەتتى> دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن ئائىشە رضي الله عنها: <الله بىلەن قەسەم، شۇنداق بولدىمۇ؟> دەپ سورىغاندا، ئۇ: <ئۆزىدىن باشقا ھېچبىر ھەق مەئبۇد بولمىغان الله بىلەن قەسەمكى، بۇ ئىش شۇنداق بولدى> دېدى» («البداية والنهاية» 10- توم 567- بەت، ئىبنى كەسىر رحمه الله بۇ ھەدىسنىڭ ئىسنادىنى «سەھىھ» دېگەن).

دېمەك، ئائىشە رضي الله عنها ۋە ئەلى رضي الله عنه قاتارلىق بارچە ساھابە رضي الله عنهم لار: «خاۋارىجلار كاپىرلارنى ئۆلتۈرسە خاۋارىجلىقتىن چىقىپ كېتىدۇ» دەپ چۈشەنمىگەن ۋە تارىختىن بۇيان ھېچبىر ئالىم ھەم بۇ بىدئەت سۆزنى دېمىگەن. ئەكسىچە، كاپىرلارنى ئۆلتۈرگەن خاۋارىجلارنىڭ خاۋارىج بولۇۋېرىدىغانلىقىدا ئالىملار ئارىسىدا ھېچبىر ئىختىلاپ يوق. مەسىلەن، قەيرىۋان يۇرتلىرىدىكى مەشھۇر خاۋارىج ئەبۇ يەزىد خارىجى باتىنىيلار پىرقىسى بولغان ئۇبەيدىيە خاندانلىقى مۇرتەدلىرىگە قاقشاتقۇچ زەربە بەرگەن تۇرۇقلۇق ھېچبىر ئالىم ئۇنى «خاۋارىج ئەمەس» دېمىگەن.

يەنە ھەممەيلەنگە مەلۇمكى، باشقا خاۋارىجلار زىممىي كاپىرلارنىڭ قېنىغا قاتتىق رىئايە قىلسا، نەجداد خاۋارىجلىرى مۇسۇلمانلار بىلەن زىممىي كاپىرلارنى ئوخشاش ئۆلتۈرگەن شۇنداقلا بۇتپەرەسلەرنىمۇ قوشۇپ ئۆلتۈرگەن. مۇشۇنداق تۇرۇقلۇق ئەھلى سۈننەت ئۆلىمالىرىدىن ھېچبىر كىشى ئۇلارنى «خاۋارىج ئەمەس» دېمىگەن («موسوعة الفرق... - الدرر السنية» 5- توم 39- بەت).

«ئۇلار كاپىرلارنى قويۇپ مۇسۇلمانلارنى ئۆلتۈرىدۇ» دېگەن سۆزنى ئىبنى تەيمىيە رحمه الله مۇنداق چۈشەندۈرگەن: «خاۋارىجلار مۇسۇلمانلارنىمۇ <مۇرتەد> دەپ ئېتىقاد قىلغانلىقى ئۈچۈن كاپىرغا قارىغاندا مۇسۇلماننى ئۆلتۈرۈشكە كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىدۇ چۈنكى مۇرتەد ئەسلى كاپىردىن زىيانلىقتۇر» («مجموع الفتاوى» 28- توم 497- بەت).

«ئۇلار كاپىرلارنى قويۇپ مۇسۇلمانلارنى ئۆلتۈرىدۇ» دېگەن بۇ سۆزنى چۈشىنىشتە خۇددى الله نىڭ مۇنۇ سۆزىنى چۈشەنگەندەك چۈشىنىش لازىم. الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: «سىلەر ئەھلى جاھان ئىچىدىن لىۋاتە قىلىپ، پەرۋەردىگارىڭلار سىلەر ئۈچۈن ياراتقان ئاياللىرىڭلارنى تاشلاپ قويامسىلەر؟! سىلەر ھەقىقەتەن (بۇزۇقچىلىقتا) ھەددىدىن ئاشقۇچى قەۋمسىلەر» (سۈرە شۇئەرا 165-، 166- ئايەتلەر).

ھەممەيلەنگە مەلۇمكى، لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ئاياللار بىلەن يېقىنچىلىق قىلىشنى پۈتۈنلەي تەرك ئەتمىگەن ئىدى، ئەگەر تەرك ئەتكەن بولسا ئۇلارنىڭ نەسلى ئاللىبۇرۇن ئۈزۈلگەن بولاتتى لېكىن ئۇلار ئاياللار بىلەن يېقىنچىلىق قىلىش لازىم بولغان بىر پەيتتە شەھۋەتلىرى تۈپەيلى ئەرلىرىگە يېقىنچىلىق قىلغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئاياللارنى قويۇپ ئەرلەر بىلەن يېقىنچىلىق قىلغۇچىلار دەپ سۈپەتلەنگەن. خۇددى سىز ئايالى بار تۇرۇقلۇق زىنا قىلغان كىشىگە: «الله ساڭا ھالال قىلغان خوتۇننى قويۇپ، الله ھارام قىلغان زىنانى قىلامسەن؟!» دېگىنىڭىزگە ئوخشاش. دېمەك، بۇ كىشى خوتۇننى پۈتۈنلەي قويۇپ قويغان ئەمەس بەلكى خوتۇنىغا يېقىنچىلىق قىلىش لازىم بولغان بىر پەيتتە، خوتۇننى قويۇپ زىناغا يۈزلەنگەن. ساھابىلەر ۋە بارلىق ئالىملارنىڭ يۇقىرىقى بىرلىككە كەلگەن چۈشەنچىسىگە خىلاپ ھالدا ئايەت-ھەدىسكە يېڭىچە

(ئاخىرى 3- بەتتە)

(بېشى 2- بەتتە)

چۈشەنچە پەيدا قىلىش بىدئەت ۋە زالالەتتۇر شۇنداقلا مۇئمىنلەرنىڭ يولىغا ئۇيغۇن ئەمەستۇر. دېمەك، خاۋارىجلار ھۆكۈم ئېتىبارى بىلەن يەڭگىل خاۋارىجلار ۋە ئېغىر خاۋارىجلار دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ. يەڭگىل خاۋارىجلار دېگىنىمىز — غۇلاتلار. بۇلار «**غلاة التكفير** (يەنى تەكفىردە چېكىدىن ئاشقۇچىلار)» دەپ ئاتىلىدۇ ۋە بەزىدە «خاۋارىج» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

بۇلارنىڭ يەڭگىل خاۋارىج بولۇشىدىكى سەۋەب — ئۇلار مۇسۇلمانلارنى ناھەق كاپىرغا چىقىرىش بىلەنلا كۇپايىلىنىپ مۇسۇلمانلارغا ئۇرۇش ئاچمىغان كىشىلەردۇر. بۇلارنىڭ ھۆكۈمى شۇكى، دەۋەتچىلىرىنى ئۆلتۈرۈشنىڭ دۇرۇسلۇقىدا ئالىملارنىڭ ئارىسىدا ئىختىلاپ بار، سەھىھ كۆز قاراش بولسا ئۇ دەۋەتچىلەرنىڭ زىيىنى ئۆلتۈرۈشتىن باشقا يول بىلەن يوقىلىش مۇمكىن بولمىسا ۋە كۈچلۈك بىر زىيان ئەگىشىپ كەلمىسە ئۆلتۈرۈلۈشى دۇرۇستۇر لېكىن ئۇلارنى (يەنى دەۋەتچىلىرىنى) ئۆلتۈرۈش شەرئىي سىياسەتكە ۋە پايدا-زىياننى دەڭسەشكە قاراشلىقتۇر ئەمما دەۋەتچى بولمىغان ئاددىي ئەگەشكۈچىلىرىنى ئۆلتۈرۈش دۇرۇس ئەمەس بەلكى باشقا تەزىر (يەنى سالامنى ۋە گەپلىشىشنى تەرك ئېتىش ياكى ئۇندىن باشقا جازالار) ياكى شۇبھىلەرگە رەددىيە بېرىش ۋە ياكى دەۋەت قاتارلىق ئۇسلۇبلار بىلەن ھەققە چاقىرىلىدۇ («**مجموع الفتاوى**» 28- توم 273- بەت).

مەسىلەن، خاۋارىجلاردا ھەزرىتى ئەلى **رضي الله عنه** غا قوراللىق قارشى چىقىشتىن ئىلگىرى خاۋارىجلىق سۈپەت بولسىمۇ ئەلى **رضي الله عنه** ئۇلارغا ئۇرۇش ئاچمىغان بەلكى ئۇلارغا دەۋەت قىلغان چۈنكى ئۇلار ئۇ چاغدا تېخى قوراللىق كۈچ بولۇپ يول توسىدىغان، مۇسۇلمانلارنى ۋە زىممىيلارنى ئۆلتۈرىدىغان ئىشلارنى سادىر قىلمىغان.

ئېغىر خاۋارىجلارنىڭ «خاۋارىج»، «مەۋارىق»، «مارىقە»، «ھەرۇرىيە» دېگەندەك ئىسىملار بىلەن ئاتىلىدىغانلىقىغا ئالىملار ئىتتىپاقتۇر چۈنكى ئۇلار مۇسۇلمانلارنى ناھەق كاپىرغا چىقىرىشقا يول توسۇش ۋە قان تۆكۈش قاتارلىق جىنايەتلەرنى قوشقانلىقى ئۈچۈن، ئۆلىمالار ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇشنىڭ پەرزلىكىگە ئىتتىپاقتا كەلگەن (ئەبۇبەكرى جەسساس ھەنەفىينىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» 5- توم 281- بەت، «شەرھى مۇسلىم» 7- توم 170- بەت، «**مجموع الفتاوى**» 28- توم 130- بەت، «فەتىۋا كۇبرا» 3- توم 547-، 548- بەت، «**المغني**» 10- توم 46- بەت).

خاۋارىجلارنىڭ ئازغۇن، گۇناھكار، پاسىق، بىدئەتچى ئىكەنلىكىگە ئۈممەت ئىتتىپاققا كەلگەن ئەمما ئۇلارنى كاپىرغا چىقىرىشتا ئالىملار ئىختىلاپ قىلىشقان بولۇپ؛ ئىمام مالىك، ئىمام ئەھمەد ۋە ئىمام شافىئىيلارنىڭ مەزھىبىدە مەشھۇر ئىككى خىل پەتىۋا بار: بىرى، كاپىر دېيىش؛ يەنە بىرى، بىدئەتچى ۋە ئازغۇن دېيىش. كۈچلۈك كۆز قاراش شۇكى، كاپىر ئەمەس، بىدئەتچى ۋە ئازغۇن دېيىشتۇر.

ئالىملار ئۇلارغا ئۇرۇش قىلىشنىڭ ھۆكمىدە «باغىلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىنامدۇ ياكى مۇرتەدكە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىنامدۇ ۋە ياكى ھەر ئىككىلىسى ئەمەسمۇ؟» دېگەن ئۈچ خىل كۆز قاراشتا ئىختىلاپ قىلىشتى.

باغى دېگەن — ئادىل مۇسۇلمان ھاكىمغا يوللۇقتەك كۆرۈنىدىغان تەئۋىل بىلەن قارشى چىققان ۋە قورال كۈچى ئارقىلىق ئۆزىنى قوغدىۋالغان تائىپىدۇر. بۇلار ئىككى خىل بولۇپ: بىرى، گۇناھكار ئەمەس بەلكى ئىجتىھادتا خاتا كېتىپ بىر ئەجىر ئالىدىغان ئەھلى سۈننە ئەقىدىسىدىكى (يەنى خاۋارىج ۋە بىدئەتچى بولمىغان) كىشىلەردۇر. مەسىلەن، ئەلى **رضي الله عنه** غا بويسۇنمىغان مۇئاۋىيە **رضي الله عنه** غا ئوخشاش باغىلار. يەنە بىرى، گۇناھكار باغىلار؛ مەسىلەن، ئوسمان **رضي الله عنه** نى ئۆلتۈرگەن گۇرۇھقا ئوخشاش. ئۇلار ئۆزلىرى ئۇرۇش ئاچمىغۇچە ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىنمايدۇ. ئەڭ كۈچلۈك كۆز قاراش شۇكى، خاۋارىجلارنىڭ ھۆكمى باغىمۇ ئەمەس، مۇرتەدمۇ ئەمەس ئەمما ئۇلار ئۆزلىرى ئۇرۇش ئاچمىسىمۇ ئۇلارغا دەسلەپتە ئۇرۇش باشلاش دۇرۇستۇر («**مجموع الفتاوى**» 28- توم 518- بەت.)

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

سېتىلغاننى ئىگىسىگە تاپشۇرۇڭلار

الحمد لله رب العالمين، والصلاة والسلام على نبينا محمد وعلى آله وصحبه أجمعين!

سىلەر جانلىرىڭلارنى **الله تعالى** غا ساتتىڭلار، ئالدىڭلاردا سېتىلغاننى ئىگىسىگە تاپشۇرۇشتىن باشقا يەنە بىر تاللاش يوق. **الله تعالى** مۇنداق دەيدۇ: «شۈبھىسىزكى، **الله** مۇئمىنلەردىن ئۇلارنىڭ جانلىرىنى ۋە ماللىرىنى ئۇلارغا جەننەتنى بېرىپ سېتىۋالدى» (سۈرە تەۋبە 111- ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

سېتىلغان نەرسە سېتىۋالغۇچىغا تاپشۇرۇلغاندا، سېتىۋالغۇچى ئۇنى خالىغانچە تەسەررۇپ قىلىدۇ. ئۇنى خالىغان يەرگە قويىدۇ. خالىسا ئۇنى بىر سارايغا، خالىسا بىر زىندانغا قويىدۇ؛ خالىسا ئۇنى ئەڭ قىممەتلىك كىيىملەر بىلەن كىيىندۈرىدۇ، خالىسا ئۇنى پەقەت ئەۋرەت يەرلىرىنى ياپالايدىغان بىرى قىلىپ قويىدۇ؛ خالىسا ئۇنى بىر باي، خالىسا ئۇنى موھتاج بىر پېقىر قىلىدۇ؛ خالىسا ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلىدۇ، خالىسا ئۇنى دارغا ئاسىدۇ، دۈشمەنلىرىنى ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە مۇسەللەت قىلىدۇ.

قوينى سېتىۋالغان خېرىدار ئۇنى بوغۇزلىغىنىدا قوينىڭ بۇرۇنقى ئىگىسىنىڭ ئاچچىقلىنىشى ياكى كۆڭلى يېرىم بولۇپ قېلىشى توغرىمۇ؟! **الله** ۋە رەسۇلىنىڭ شىرى ھەمزە ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىب **رضي الله عنه** غا نېمە بولغانلىقىنى ئاڭلىمىدىڭلارمۇ؟! قورسىقى يېرىلغان، جىگىرى چىقىرىلغان، ئەزالىرى كېسىلگەن ئىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ساھابىلىرىدىن يەنە باشقىلىرىمۇ ئۇھۇد ئۇرۇشىدا ئوخشاش رەۋىشتە شەھىد بولغان ئىدى، ئۇلارنىڭ قورساقلىرى يېرىلغان، قۇلاقلىرى ۋە بۇرۇنلىرى كېسىۋېلىنغان ئىدى. ھەتتا ھىندى بىنتى ئۇتبە ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان قۇرەيش ئاياللىرى ساھابىلەرنىڭ بۇرۇنلىرىنى ۋە قۇلاقلىرىنى ئېلىپ ئۆزلىرىگە بىلەيزۈك ۋە ھالقا قىلىشقان ئىدى. ھىندى بىنتى ئۇتبە بىلەيزۈكلىرىنى ۋە ھالقىلىرىنى ھەمزىنىڭ قاتىلى ۋەھشىيگە مۇكاپات قىلىپ بېرىۋەتكەن ئىدى.

ئۇھۇد ئۇرۇشىدا رەسۇلۇللاھ ﷺ گە نېمە بولغىنىنى ئاڭلىمىدىڭلارمۇ؟! رەسۇلۇللاھ ﷺ دۈشمەن تەرەپتىكى ئورەككە چۈشۈپ كەتكەن، مۇبارەك يۈزى يېرىلغان، چىشى سۇنغان ئىدى... رەسۇلۇللاھ ﷺ ئەنە شۇنداق ئىمتىھاندىن ئىمتىھانغا ئالماشقان بىر ھايات كەچۈرگەندى.

ئىبنى جەۋزى مۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللاھ ﷺ <مېنى كىم قوغدايدۇ؟ مېنى كىم قوللايدۇ؟> دېيىشى كېرەكمىدى؟ بىر كاپىرنىڭ ھىمايىسىدە مەككىگە كىرگىنىدە، دۈمبىسىگە تۆگىنىڭ ئىچ قارنى ئارتىپ قويۇلغاندا، قېرىنداشلىرى ئۆلتۈرۈلگەندە، ئاچلىق ئازابى بىلەن قىينالغىنىدا، ئۇ يەنىلا تەمكىن ئىدى، ئۆزگەرمەيتتى. كېيىن مەدىنىدە ئاچلىق بىلەن ئىمتىھان قىلىنغىنىدا قورسىقىغا تاش باغلىغان ئىدى. ھالبۇكى، <ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ خەزىنىلىرى **الله** نىڭ ئىلكىدىدۇر> (سۈرە مۇنافىقۇن 7- ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

ئەسھابىلىرى ئۆلتۈرۈلگەن، يۈزى يارىلانغان، چىشى سۇنغان، تاغىسىنىڭ ئەزالىرى كېسىلگەن بولسىمۇ ئۇ يەنىلا سەۋر قىلغان ئىدى. بىر پەرزەنت بىلەن رىزىقلاندۇرۇلغان ئىدى، كېيىن ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالدى. ھەسەن ۋە ھۈسەين **رضي الله عنهما** لارنى ئەركىلىتەتتى، ئۇلارنىڭ بېشىغا كېلىدىغان ئىشلارنى ئۇلارغا خەۋەر قىلغان ئىدى. ئائىشە **رضي الله عنها** بىلەن ياشايتتى، ئائىشە **رضي الله عنها** غا قىلىنغان تۆھمەت بىلەن ھاياتىدا ئاچچىق چەككەن ئىدى. مۆجىزىلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى كۆپىيىۋاتاتتى، مۇسەيلەمە ۋە ئۇنىڭ ئانسى ھەمدە ئىبنى سەيياد ئۇنىڭغا قارشى چىقىۋاتاتتى، <سېھىرگەر، يالغانچى> دېگەن بەتناملار چاپلىناتتى. كېيىن ئۇ كېسەل بولدى، ئۇ يەنە تەمكىن ۋە ئۈنسىز ئىدى. بىرسى ھالىنى ئېيتسا ئۇنىڭغا سەۋرنى تەۋسىيە قىلاتتى. كېيىن ئۆلۈم كەلدى ۋە ئۇنىڭ روھىنى ئالدى... ئۇ پالاس سېلىنغان بىر ئۆيدە ۋە قېلىن بىر يېپىنچا ئاستىدا ياتاتتى... ئۇنىڭ كېچىسى چىراغنى ياقىدىغانغا يېغىمۇ يوق ئىدى».

قەدىرلىك قېرىنداشلىرىم! سەن پەيغەمبەرلەرنى ئويلىشىڭ لازىم، ئۇلار مەخلۇقاتنىڭ جەۋھىرى ئىدى. خالىقنىڭ دەرگاھىدا ئىنسانلارنىڭ ئەڭ مەرتىۋىلىكلىرى ۋە ئەڭ سۆيۈملۈك بولغانلار ئىدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوتقا تاشلانغان، زەكەرىيا ئەلەيھىسسالام ھەرە بىلەن ھەرىدەلگەن، يەھيا ئەلەيھىسسالام بوغۇزلانغان، ئەييۇب ئەلەيھىسسالام يىللارچە كېسەل ھالدا قالغان، مېلىدىن ۋە بالىسىدىن ئايرىلغان، يۇنۇس ئەلەيھىسسالام بېلىقنىڭ قارنىدا قاملىپ قالغان، يۇسۇف ئەلەيھىسسالام تولىمۇ ئەرزان باھادا سېتىلغان ۋە بىر مەزگىل زىندانغا سولانغان ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى **الله تعالى** نىڭ تەقدىرىدىن رازى ئىدى، رەببىمۇ ئۇلاردىن رازى ئىدى.

سەلەفلەردىن بەزىلىرى شۇنداق دەيدۇ: «قايچا بىلەن ۋۇجۇدۇمدىن بىر پارچىنىڭ كېسىلىشى — **الله تعالى** نىڭ تەقدىرىگە قارىتا <كاشكى بولمىغان بولسامچۇ> دېگىنىمدىن ياخشىراق». باشقا بىر سۆزدە مۇنداق كېلىدۇ: «بىر گۇناھ ئىشلىدىم، ئوتتۇز يىلدىن بېرى ئۇنىڭ ئۈچۈن يىغلاۋاتىمەن». بىر كىشى ئۆزىنى ئىبادەتكە ئاتىغان ۋە زۆرۈرىيەت بولمىسا ئىنسانلار بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزگەن ئىدى. بۇ ھەقتە ئۇنىڭدىن: «بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟» دەپ سورالدى، ئۇ: «بىر قېتىم بىر ئىش ئۈچۈن <كاشكى ئۇنداق بولمىغان بولسىچۇ> دېگەن ئىدىم، بۇ سەۋەبلىك رەببىمگە لايىقىدا تەۋبە قىلالىشىم ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلىۋاتىمەن» دەپ جاۋاب بەردى.

رەببىنىڭ ئورۇنلاشتۇرغىنى بىلەن قارشىلاشمىغان، رەببىنىڭ ئۆزى ئۈچۈن تاللىغىنىنى رەت قىلمىغان ئەنە شۇنداق كىشىلەردىن بول قېرىندىشىم! ئۇلار «مۇنداق بولغان بولسا ئىدى مۇنداق بولاتتى» ياكى «ئەگەر، كاشكى» دەپ **الله تعالى** نىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئارىلاشقان كىشىلەردىن ئەمەس ئىدى.

الله تعالى نىڭ مۇئمىن قۇلى ئۈچۈن تاللىغان ئىشى ئەڭ قىممەتلىك تاللاشتۇر. كۆرۈنۈشكە قىيىن، جاپالىق ياكى مالنىڭ ھالاك بولۇشى، ئورۇن ۋە مەرتىۋىنىڭ، ئائىلە-بالىلىرىنىڭ يوقىتىلىشى بولۇپ كۆرۈنسىمۇ، ئۇ ئەڭ ئۈستۈن تاللاشتۇر، مەيلى دۇنيا ئىچىدىكىلەر بىلەن قوشۇلۇپ يوق بولۇپ كەتسۇن پەرقى يوق.

بەدر ئۇرۇشى ھەققىدە نەقىل قىلىنغانلارنى ئوقۇپ، ئۇلارنى ياخشىلاپ ئويلىنىشىڭ كېرەك. ساھابىلەردىن بەزىلىرى پەقەت كارۋانغا غالىب كېلىشنى خالايتتى ئەمما **الله تعالى** ئۇلارغا تېخىمۇ بۈيۈك بىر تاللاش ۋە ئۇلارنىڭ تاللىغىنىدىن تېخىمۇ ئالىيسىنى بېرىپ ئۇلار ئۈچۈن ئۇرۇشنى تاللىدى. ئۇ ئىككىسى ئارىسىدا يەر بىلەن ئاسماندەك پەرق بار ئىدى. كارۋاندا بار بولغانلار يېيىلىپ تۈگەيدىغان، كېيىلىپ كونىرايدىغان ۋە كېيىنچە تاشلىنىدىغان كىيىم ھەم ئۆتكۈنچى نەرسىلەر ئىدى.

ئۇرۇشقا كەلگەندە ئۇنىڭدا **الله تعالى** نىڭ ھەق بىلەن باتىلنى بىر-بىرىدىن ئايرىشى مەۋجۇت ئىدى. ئۇرۇشتا شېرىكنىڭ مەغلۇپ بولۇشى، ۋەيران قىلىنىشى، تەۋھىدنىڭ ئۇلۇغلىنىشى ۋە يېيىلىشى ھەمدە ئىسلامنىڭ ئالدىدا توساق بولۇپ تۇرۇۋاتقان مۇشرىكلارنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى مەۋجۇت ئىدى. ئۇرۇشتا قولغا كەلتۈرگەن بۇ غەلىبە ئۇلار ئۈچۈن ئەڭ ياخشى مۇكاپات بولدى:

شۈبھىسىزكى، **الله** بەدر ئەھلىنىڭ ھالىنى كۆردى ۋە: «خالىغىنىڭلارنى قىلىڭلار، سىلەرنى مەغپىرەت قىلدىم» دېدى.

الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: «ئۆز ۋاقتىدا **الله** ئىككى گۇرۇھ (بىرى مۇشرىكلار كارۋىنى، يەنە بىرى مۇشرىكلار قوشۇنى)دىن بىرىنىڭ قولۇڭلارغا كەلتۈرۈلۈشىنى ۋەدە قىلدى. سىلەر قورالسىز گۇرۇھنىڭ (يەنى كارۋاننىڭ) قولۇڭلارغا كەلتۈرۈلۈشىنى ياقتۇردۇڭلار. **الله** ئۆز سۆزلىرى ئارقىلىق ھەقنى ھەق قىلىشنى (يەنى ئىسلام دىنىنى ئۈستۈن قىلىشنى)، كاپىرلارنىڭ يىلتىزىنى قۇرۇتۇشنى خالايدۇ» (سۈرە ئەنفال 7- ئايەت).

بۇ تېمىدا سۆزۈمنى تاماملاشتىن ئاۋۋال ئىمام ئىبنى قەييىم **رحمه الله** نىڭ «زادۇلمەئاد» ناملىق كىتابىدا زىكىر قىلىنغان جۈملىلەرنىڭ مەنىسىنى بىرئاز يىغىنچاقلاپ نەقىل كەلتۈرمەكچىمەن: «شۈبھىسىزكى، **الله تعالى** بېخىللىق قىلىپ سەندىن بىرەر نەرسىنى ئاياپ قالمىغان، خەزىنىلىرىڭدىن بىرەر نەرسىنى كەملىتىپ قويمىغان، سېنىڭ ھەققىڭ بولغان نەرسىنى ئۆزىگە ئايرىمىغاندۇر ئەمما ئۆزىدىن تىلىشىڭ ئۈچۈن ساڭا بەزى نەرسىلەرنى بەرمىگەن، سېنى ئىززەتلىك قىلىش ئۈچۈن ئۆزىگە قارىتا ھەقىر (يەنى تۆۋەن) قىلغان ۋە باي قىلماق ئۈچۈن سېنى ئۆزىگە قارىتا پېقىر قىلغاندۇر. سېنى پۇشايمان قىلىشىڭغا مەجبۇر قىلغان، ئۇنىڭغا بويۇن ئېگىشىنىڭ ۋە ئۇنىڭغا موھتاج بولۇشنىڭ لەززىتىنى تېتىش بىلەن تەمىن ئەتكەن، ساڭا قۇللۇق كىيىمىنى كىيدۈرگەن، سېنى ئەڭ شەرەپلىك ۋەزىپىلەر بىلەن ۋەزىپىلەندۈرگەن. قۇدرىتىدە ئۇنىڭ ھېكمىتىنى، ئىززىتىدە ئۇنىڭ رەھمىتىنى، قەھرىدە ئۇنىڭ لۇتفىنى (كۆيۈنۈشىنى) ۋە ياخشىلىقىنى كۆرۈشۈڭنى خالىغاندۇر. ئۇنىڭ ئايىشى بېغىشلىغىنى، ئېلىپ تاشلىشى ۋەزىپىگە تەيىنلىگىنى، جازالىشى تەربىيە، ئىمتىھانى ھەدىيە ۋە سۆيگۈ، دۈشمەنلىرىنى ساڭا ئەۋەتىشى سېنى ئۇنىڭغا يەتكۈزىدىغان بىر يولدۇر».

كىم بۇ بۈيۈك جۈملىلەرنى قەلبى ۋە ئەقلى بىلەن چۈشەنمىسە، ئۇلارغا ئەمەل قىلمىسا، ئۇنىڭ دەرىجىسى ئاتالار قوبۇل قىلىنمايدىغان ئورۇندۇر. ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىچىگە ئاتا قىلىنغاننى قويىدىغانغا بىرەر قاچىسى (ئەجىر-ساۋاب خەزىنىسى) بولمايدۇ. كىم قاچىسى يوق بىر ھالەتتە كەلسە مەھرۇم بولغانچە قايتىدۇ، ئۇ چاغدا ئۇ ئۆزىدىن باشقىسىنى ئەيىبلىمىسۇن...

■ 2- ئاينىڭ 10- كۈنى لىۋىيىنىڭ بىنغازى شەھرىدىكى مۇھاسىرىدە تۇرۇۋاتقان مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىز مۇرتەد ھەفتەر قوشۇنىنىڭ بىر تىكئۇچار ئايروپىلانىنى ئېتىپ چۈشۈرۈۋەتكەن، بىر ئۇچقۇچى ئۆلگەن.

■ 2- ئاينىڭ 10- كۈنى ئافغانىستاننىڭ ھىلمەند ۋىلايىتىنىڭ سەنگىن رايونىدا تاجاۋۇزچى ئامېرىكا ئارمىيىسى خەلقلەرنىڭ ئۆيلىرىنى بومباردىمان قىلىپ 35 ئادەمنى ئۆلتۈرگەن ۋە 18 ئادەمنى يارىلاندۇرغان. بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئايال- باللار ئىكەن.

■ 2- ئاينىڭ 11- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتىدىكى بىر مۇجاھىد قېرىندىشىمىز ئافغانىستاننىڭ ھىلمەند ۋىلايىتى لەشكەرگاھ رايونىنىڭ مەركىزىدە مۇرتەد ئارمىيىگە قارشى پىدائىيلىق ئەمەلىيىتى ئېلىپ بېرىپ، 21 مۇرتەد ئەسكەرنى ئۆلتۈرگەن ۋە 18 نى يارىلاندۇرغان ھەمدە تۆت ئەسكىرىي ماشىنىنى ۋەيران قىلغان.

■ 2- ئاينىڭ 12- كۈنى سۈرىيىنىڭ جەنۇبى (يەنى دەرئا رايونى)دىكى مۇجاھىدلار بەششار ئەسەد ئارمىيىسىگە قارشى «ئۆلۈم خارلىقتىن ياخشى» ناملىق جەڭنى باشلىغان بولۇپ، بۇ جەڭنىڭ نىشانى بولسا سۈرىيىنىڭ جەنۇبى رايونلىرىنى بەششار ئەسەد ئەسكەرلىرىدىن تازىلاش ۋە كاپىرلار مىكىر بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمىنى ئىنكار قىلىشتىن ئىبارەت.

بۇ جەڭ ئاۋۋال دەرئا شەھرىنىڭ مانشىيا رايونىغا ئىككى ئىستىشھادىيە قىلىش بىلەن باشلانغان بولۇپ، بىرىنچى قېتىملىق ئىستىشھادىينى ھەيئەتۇ تەھرىر شام جامائىتى دەرئا رايونىنىڭ سابىق ئەسكىرىي مەسئۇلى ئەبۇ رەييان مۇھاجىر قىلغان. ئىككىنچى قېتىملىق ئىستىشھادىينى بولسا ھەيئەتۇ تەھرىر شام جامائىتىنىڭ ئەزاسى ئەبۇ مۇھەممەد ئەنسارى ئېلىپ بارغان.

مۇجاھىدلار يەنە يەر ئاستى تونىل كولاپ بومبا قويۇپ، بەششار ئەسەد قوشۇنىنىڭ ئاستىدىن پارتلاتقان. بۇ جەڭدە ھازىرغىچە الله نىڭ ياردىمى بىلەن 50 كە يېقىن تاغۇت ئەسكىرى ئۆلۈپ ئېغىر تالاپەتلەرگە ئۇچرىغان، مانشىيا رايونىنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرى مۇجاھىدلار قولىغا ئۆتكەن. مۇئمىنلەرنىڭ قەلبىنى شادلاندۇرىدىغىنى شۇكى، نەچچە يىلدىن بېرى ئەزان ئوقۇلمىغان مەسجىدلەردە قايتىدىن ئەزان- تەكبىرلەر توۋلىنىشقا باشلىغان.

■ 2- ئاينىڭ 12- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ خوسىت ۋىلايىتىنىڭ مۇئاۋىن ساقچى باشلىقىنى ئۆلتۈرگەن.

■ 2- ئاينىڭ 13- كۈنى مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىز يەمەننىڭ ئىب ۋىلايىتىدە مۇرتەد ئارمىيىنىڭ ماشىنا ئەترىتىگە قارشى مىنا ئەمەلىيىتى ئېلىپ بېرىپ، ئىستىخبارات مەركىزىنىڭ مەسئۇلى ئەھمەد جۇمراھ، جىنايى ئىشلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى مەھمۇد ئەسەد قاتارلىقلارنى ئېغىر دەرىجىدە يارىلاندۇرغان ۋە بىر قانچە نەپەر قوغدىغۇچىسىنى جەھەننەمگە ئۇزاتقان.

■ 2- ئاينىڭ 14- كۈنى ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننىڭ خوتەن ۋىلايىتى گۇما ناھىيىسىدە 3 نەپەر قېرىندىشىمىز پىچاقلىق ھۇجۇم قىلىش ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان. خىتاي ئاخبارات ۋاستىلىرى 5 كىشىنىڭ ئۆلۈپ 5 كىشىنىڭ يارىلانغانلىقىنى ئېلان قىلغان. خىتاي تەرەپ بۇ ۋەقەنىڭ تەپسىلاتىنى يوشۇرغان بولۇپ، ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا بۇ ۋەقە ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات بەرمىگەن.

■ 2- ئاينىڭ 14- كۈنى يەمەننىڭ مەئارىب شەھرىنىڭ مىنىن رايونىدا ئامېرىكىنىڭ بىر ئۇچقۇچىسىز جاسۇس ئايروپىلانى چۈشۈپ كەتكەن.

■ 2- ئاينىڭ 14- كۈنى سۈرىيىنىڭ غۇتە رايونىنىڭ غەربىدىكى داھار ئەسۋەد دېگەن جايدا بەششار ئەسەد ئەسكەرلىرى مۇجاھىدلار كونتروللۇقىدىكى نۇقتىلارغا قاتتىق ئىلگىرىلىگەن بولسىمۇ لېكىن الله نىڭ مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىزنى سابىت قەدەم قىلىشى بىلەن بۇ نىجىس كاپىرلارنى چېكىندۈرۈپ ئۇلارغا زور تالاپەتلەرنى يەتكۈزگەن. بۇ نۇسەيرىيە شىئەلىرىدىن ئاز دېگەندىمۇ 50 ى ئۆلگەن، ئۆلگەنلەرنىڭ ئارىسىدا بىر گېنېرالمۇ بار ئىكەن. مۇجاھىدلار بۇ جەڭدە نۇرغۇن قورال- ياراق ۋە ئوق- دورىلارنى غەنىيمەت ئالغان.

■ خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئېلىپ بېرىۋاتقان تېررور خاراكتېرلىك باستۇرۇش ۋە ئاسمىلاتسىيە سىياسىتى كۈندىن- كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان بولۇپ، يېقىنقى مەزگىللەردە كۈچەپ تەشۋىق قىلىنىۋاتقان ئاتالمىش «قوشماق تۇغقان» بولۇش سىياسىتىنىڭ خىتاي كۈتكەندەك نەتىجىگە ئېرىشەلمەيۋاتقانلىقى ئاخبارات ۋاستىلىرىدا ئوتتۇرىغا چىققان ئىدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى شەرقىي تۈركىستاندا يەنە «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تامىقى» نامىدا يېڭى بىر بىمەنە سىياسەتنى ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقى مەلۇم بولماقتا. بۇ خىلدىكى «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تامىقى» ئېتىش ۋە يېيىشنىڭ 2016- يىلى 10- ئايدىن باشلاپ رەسمىي تۈردە سىياسىي مەيداننى ئىپادە قىلىدىغان بىر پائالىيەت سۈپىتىدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقانلىقى، بۇ تاماقنى يېيىشنى رەت قىلغان ياكى يېگەن بولسىمۇ نارازىلىق ئىپادىلىگەن كەيپىياتتا يېگەنلەرگە نىسبەتەن «دىنىي ئاشقۇن»، «مىللىي بۆلگۈنچى»، «تېررورچى» دېگەندەكناملار بىلەن قاتتىق مۇئامىلە قىلىنىپ، ئاتالمىش «تەربىيىلەش ئورنى» دېيىلىۋاتقان يېزا قارا تۈرمىلىرىگە سولىنىۋاتقانلىقى، ھەتتا تۇتقۇن قىلىنىپ ئىز- دېرەكسىز يوقاپ كېتىۋاتقانلىقى مەلۇم بولماقتا.

■ يېقىندىن بېرى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئاتۇش رايونىدىكى ئۇيغۇر بايلىرىنى مەخسۇس يوقىتىش ئوبيېكتى قىلىپ، ئۇلارنى تۇيۇقسىزلا ئارقا- ئارقىدىن تۇتقۇن قىلىشقا باشلىغان. تۇتقۇن قىلىنغانلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ ھازىرغىچە ھېچقانداق ئىز- دېرىكى يوق ئىكەن. ھازىرغىچە ئاتۇش رايونىدا تۇتقۇن قىلىنىپ ئىز- دېرىكى بولمىغان بايلارنىڭ سانى 50 دىن ئاشىدىغانلىقى، بۇ بايلارنىڭ يىللىق ئىقتىسادىي كىرىمى 10 مىليون خىتاي پۇلىدىن 50- 60 مىليون خىتاي پۇلىغا يېتىدىغان ئالاھىدە بايلار ئىكەنلىكى مەلۇم بولغان.

ئەرەب تىلى ئۆگىنىمەن

سۆزلۈكلەر		جۈملىلەر	
اَلْثَغُ	كېكەچ	هَذَا الصَّبِيُّ اَلْثَغُ	بۇ بالا كېكەچ
لَثْغَاءُ	كېكەچ (ئاياللىق)	هَذِهِ الصَّبِيَّةُ لَثْغَاءُ	بۇ قىز كېكەچ
لُثْغٌ	كېكەچلەر	اُوْلَئِكَ الْحَمَّالُونَ لُثْغٌ	ئاۋۇ يۈك توشۇغۇچىلار كېكەچ
اَحْمَقُ	ئەخمەق	هَذَا الرَّجُلُ اَحْمَقُ	بۇ كىشى ئەخمەق
حَمْقَاءُ	ئەخمەق (ئاياللىق)	هَذِهِ الْمَرْأَةُ حَمْقَاءُ	بۇ ئايال ئەخمەق
حُمْقٌ	ئەخمەقلەر	هَؤُلاءِ الْفَلاحُونَ حُمْقٌ	ئۇ دېھقانلار ئەخمەق
لَيْسَ	ئەمەس	هُوَ لَيْسَ	ئۇ ئەمەس
لَيْسُوا	ئەمەس (كۆپلۈك)	هُمْ لَيْسُوا	ئۇلار ئەمەس
لَيْسَتْ	ئەمەس (ئايالغا)	هِيَ لَيْسَتْ	ئۇ (ئايال) ئەمەس
لَسْنَ	ئەمەس (ئاياللارغا)	هُنَّ لَسْنَ	ئۇلار (ئاياللار) ئەمەس
لَسْتَ	(سەن) ئەمەس	اَنْتَ لَسْتَ	سەن ئەمەس
لَسْتُمْ	(سىلەر) ئەمەس	اَنْتُمْ لَسْتُمْ	سىلەر ئەمەس

ئەينەك

بىر چاغلاردا بىر ۋەزىر قول ئاستىدىكى ئەمەلدارلىرى بىلەن بىللە بازار ئايلىنىپ قول بازىرىغا كەپتۇ. قۇللار بۇ بازاردا سېتىلاتتى.

ۋەزىر ئەسىرلەرنىڭ ۋە قۇللارنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇلارنى يېقىندىن كۆرمەكچى بوپتۇ. ياشانغان بىر ئەسىر ۋەزىرگە:

— بېگىم، سەللىڭىزنىڭ ئۈستىدە بىر داغ بار ئىكەن، — دەپتۇ. ۋەزىر سەللىسىنى بېشىدىن ئېلىپ قارىسا، ئەسىرنىڭ دېگىنى راست ئىكەن. دېمەككى، سائەتلەردىن بېرى مۇشۇنداق يۈرگەن ۋە بۇنى ھەممە كىشى كۆرگەن ئىدى. ۋەزىر بەكلا خىجىل بوپتۇ ۋە ئەمەلدارلىرىغا كۆڭلى يېرىم ھالدا قاراپ مۇنداق دەپتۇ:

— مېنىڭ بۇ ھالەتتە كوچىدا يۈرۈشۈمگە كۆز يۇمدۇڭلار. سەللەمدىكى داغنى كۆرگەن تۇرۇغلۇق گەپ قىلمىدىڭلار. مېنىڭ ھەقىقىي دوستۇم مۇشۇ ئەسىر ئىكەن ئەمما مەن ئۇنىڭ دوستۇم ئىكەنلىكىنى بىلمەپتىمەن. دوستۇمنىڭ قۇل بولۇپ سېتىلىشىغا رازى ئەمەسمەن. ئۇنى دەرھال سېتىۋېلىپ ئازادلىققا ئېرىشتۈرۈڭلار!

بۇ ۋەقەنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن ۋەزىر پەيغەمبىرىمىزنىڭ تۆۋەندىكى ھەدىسىنى ھۆسنىخەتلەپ يازدۇرۇپ، قول ئاستىدىكىلىرىگە ئەۋەتىپتۇ:

«الْمُؤْمِنُ مِرآةُ الْمُؤْمِنِ» (رواه أبو داود).

«مۇئمىن مۇئمىننىڭ ئەينىكىدۇر» (ئەبۇ داۋۇد توپلىغان).

ئائىلىدىكى رېتسېپلار

دائىم لىمون سۈيى ئىچىپ بېرىشنىڭ پايدىسى

تېببى مۇتەخەسسىسلەر يېقىندا تەتقىق قىلىش ئارقىلىق لىمون سۈيىنىڭ بۆرەككە تاش چۈشۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش رولىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، لىمون سىتراتى سۈيدۈكتىكى كالتسىينى سۈزۈۋېلىپ، كالتسىينىڭ چۆكۈپ بۆرەكتە تاش پەيدا بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئالىدىكەن.

لىمون تەركىبىدىكى سىتراتنىڭ مىقدارى ئىنتايىن مول بولۇپ، دورا ئىچىشنى خالىمايدىغان بىمارلار لىمون سۈيىنى دورا ئورنىدا ئىچىپ بەرسىمۇ بولىدىكەن. كۈندە 120 مىللىلىتىر لىمون سۈيى ئىچىپ بەرگەندە ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدىكەن (إن شاء الله).

پەيغەمبەر تىبابىتى
بىلىۋېلىڭ- ئېلىۋېلىڭ

بانان (طَلْحٌ)

الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: «سانجاق- سانجاق بولۇپ كەتكەن مەۋز (بانان) دەرەخلىرىدىن» (سۈرە ۋاقىئە 29- ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

ئۇ ھۆل ئىسسىق، ئۇنىڭ تاتلىق پىشقىنى ئەڭ ياخشى. ئۇ كۆكرەك، ئۆپكە، يۆتەللەرگە ۋە بۆرەك، دوۋسۇنلارنىڭ جاراھىتىگە مەنپەئەت قىلىدۇ؛ سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرۇپ، قورساقنى بوشىتىدۇ؛ ئۇنى تاماقتىن ئىلگىرى يېگەن ياخشى، ئۇ ئاشقازانغا زىيانلىق. ئۇ سېرىقلىق ۋە بەلغەمنى كۆپەيتىۋېتىدۇ، ئۇنىڭ زىيىنىنى شېكەر ۋە ھەسەل بىلەن قايتۇرىمىز.

ئەسكەرتىش

قېرىنداشلىرىمىزنىڭ گېزىت، رادىئو ۋە ژۇرناللىرىمىزنى ماقالە، شېئىر، سەرگۈزەشتە، تارىخ، ئەسكىرىي تەلىم، جەڭ مەيدانىدىكى ئاجايىباتلار، تېببىي مەلۇماتلار... قاتارلىق ھەرخىل ژانىردىكى ئەسەرلەر بىلەن تەمىنلىشىنى سەممىي ئىلتىماس قىلىمىز.

بۇ گېزىتنى تارقىتىشقا ياردەملەشكەن، كۈچ چىقارغان ۋە قوللاپ- قۇۋۋەتلىگەن بارلىق قېرىنداشلىرىمىزغا الله تعالى نىڭ مەغپىرىتى، رەھمىتى ۋە بەرىكىتى بولسۇن! سالىھ دۇئالىرىڭلاردا مۇجاھىد قېرىنداشلىرىڭلارنى ئۇنۇتمىغايسىلەر!

والسلام عليكم ورحمة الله وبركاته